# 118089 ـ قېشىنى سۆرمە بىلەن سىزسا ۋە مەقسەتسىز قېشىنىڭ بەزىسى چۈشۈپ كەتسە قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

سىلەردىن سۆرمە قەلىمى بىلەن قاش سىزىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورايمەن، سۆرمە بىلەن كۆز سىزغانغا ئوخشاش، ئەمما قاشنى سىزىۋاتقاندا قاشلىرىمنىڭ بەزىسى ئۆزلىگىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، مەن قەستەن قىلمىساممۇ بۇنىڭدا ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سۆرمە قەلىمى بىلەن قاش سىزسا ياكى تېرىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بوياق بىلەن بويىسا ئەسلىدىكى دۇرۇس دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلغانلىقتىن ھېچنەرسە بولمايدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى103345 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

قاش سىزىۋاتقان ۋاقىتتا مەقسەتسىز قېشى چۈشۈپ كەتكەن بولسا بۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا تەرجىمىسى: «رەببىمىز !بىزنى ئۇنتۇپ قالغان ۋە خاتا كەتكەن ئىشلىرىمىز سەۋەبىدىن جازالىمىسلا».[سۈرە بەقەرە-286 ئايەت .]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ :وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَا أَخْطَأْتُمْ بِهِ وَلَكِنْ مَا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا تەرجىمىسى: «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا )سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ(، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».[سۈرە ئەھزاب- 5 ئايەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.